## 289116 ـ شجائەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىنىدىغان ئامىللار

### سۇئال

ئىسلامدا باتۇرلۇق، شجائەتلىك قانداق بولىدۇ؟، ئىنسان قانداق قىلسا باتۇر، شجائەتلىك بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

خۇلاسە: باتۇرلۇق دېگەن: مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، قورقۇنچلۇق ھالەتتە تەۋرەنمەسلىكىدىن ئىبارەتتۇر.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

باتۇرلۇق دېگەن لۇغەتتە: ئۇرۇشتا ۋە قىيىنچىلىقتا دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، جۈرئەتلىك بولىشى، ئالغا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاتالغۇدا: مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، قورقۇنچلۇق ھالەتتە تەۋرەنمەسلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"ئىنسانلاردىن كۆپچىلىكى باتۇرلۇق بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىشتۇر، باتۇرلۇق دېگەن: ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسىمۇ  مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشىدۇر.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ ئەڭ باتۇر كىشىسى ئېدى، ئۆمەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۈچلۈك ئېدى، لېكىن ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇنىڭ دىلىنىڭ مۇستەھكەملىكى تاغلارمۇ تەۋرىنىپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئالاھىدە ئاشكارا بولدى، ئۇ بولسىمۇ دىلنىڭ مۇستەھكەملىكىدۇر.
ساھابىلارنىڭ پەلۋانلىرىمۇ، باتۇرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ساقلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلىپ، باتۇرلۇققا ئۈندەيتتى. ["ئەل پۇرۇسىيە" 500–بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: باتۇرلۇق دېگەن دىلدىن بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قورنۇچلۇق ھالەتلەردە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇ سەۋرچانلىق، ياخشى قاراشتىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ھەر قاچان ئۇتۇق قازىنىشنى ئىشەنچ قىلسا، ئۇنىڭغا سەۋىرچانلىقى ياردەم بەرسە مۇستەھكەم بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، قورقۇنچاقلىق، يامان قاراشتىن، سەۋىرسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ، ئۇتۇق قازىنىشقا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سەۋرسىزلىكى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ.

قورقۇنچاقلىق كۆڭلىنىڭ يامان ئىشلارنى ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ...". ["روھ" 236-بەت"].

ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى: دىن ئۈچۈن ۋە مۇقەددساتلار ئۈچۈن، بېسىمغا ئۇچرىغان خوشنىلار ئۈچۈن، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملار ئۈچۈن، مىللىنى ۋە يۈز ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن، باشقا ھەق يوللىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر".

بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغان كەمچىلىك بولسا: قورقۇنچاقلىق ۋە قورۇق ۋاقىراش.

ھاياتىنى دۇنيا ئۈچۈن تەقدىم قىلىش بولسا، قاراملىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەتۇـگالۋاڭ بولغىنى: ئۆز ھاياتىنى ئۆتەشكە تىگىشلىك بولغان ھەقـھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىمەسلىك ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ئىنساندۇر". ["ئەخلاق ۋە سيەر" 32-بەت].

ئۈچىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شىجائەتلىك، باتۇرى ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ شىجائەتلىكى ئىدى، بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى قاتتىق بىئارام بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە چىقتى، ئۇلارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۈتىۋالدى، خەۋەرنى ئىگەللەپ كەلگەن ئىكەن، ئەبۇ تەلھەنىڭ توقۇلمىغان ياۋاداق ئېتىگە مىنىپ ئاتىنىڭ بوينىغا قىلىچىنى قويۇپ كەلدى ۋە كىشىلەرگە: «قورۇقماڭلار، بىئارام بولماڭلار، ھېچ ئىش يوق»دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 2908-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2307-ھەدىس].

شىجائەتلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ئۇنىڭدىن:

ـئىمانى قۇۋۋەت ۋە ئۇنىڭدا تەۋرەنمەسلىك.

ـئىسلام دۇنياسىدا ئۆتكەن شىجائەتلىك، باتۇر كىشىلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سېلىش.

ـھەقنى دېيىشكە ۋە ئاڭلىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇش.

ـمۇنكەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن چەكلەشتە جۈرئەتلىك بولۇش.

ـئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چېلىشتا يەڭگەن كۈچلۈك ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش باتۇرلۇقتۇر». [بۇخارى رىۋايىتى 6114–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2609–ھەدىس].

ئىبنى ئەسىر "ئەننىھايە" 3–توم 23–بەتتە: باتۇر دېگەن: باشقىلارنى يېڭىۋالىدىغان ئۆزى يېڭىلمەيدىغان كىشى بولۇپ بۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىگە ئىشلىتىش دېگەن: ئىنسانىنىڭ نەپسى دېگەن ئۇنىڭ دۈشمىنى ۋە باشقىلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئاچچىقى كەلگەن نەپسىگە ئىگە بولغان كىشى ھەقىقى باتۇر ھېسابلىنىدۇ.

ـشەرئى بۇيرۇقلارنى ئېھتىرام قىلىش، ئۇلۇغلاش.

ـئاللاھنىڭ چەكلىگەن ئىش، ئورۇنلارنى ئۇلۇغلاش، كاتتىلاش.

ـئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئورۇنلاردا ئالغا ئىلگىرلەش.

ـزۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇنىڭدىن زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.